# بالىلارغا قانداق كىتاب تاللايمىز؟

(0 ـ 8 ياشقىچە بولغان بالىلار ئۈچۈن)

## ئايكۈن

بالىلارغا قانداق كىتاپ تاللايمىز؟ بولۇپمۇ 0 ياشتىن 8 ياشقىچە بولغان بالىلارغا كىتاپ تاللىغاندا قايسى نۇقتىلارغا بەكرەك دىققەت قىلىش كېرەك؟ قانداق ئوقۇپ بېرىش كېرەك؟ بىر كىتاپنىڭ بالىغا ماس كېلىدىغان ياكى كەلمەيدىغانلىقىنى، قىزىقىدىغان ياكى قىزىقمايدىغانلىقىنى قانداق بىلىمىز؟
بالىلارغا ياخشى كىتاپلارنى تاللاپ ئوقۇپ بېرىش ياكى ئوقۇتۇش بالىنىڭ ئۆگىنىش يولىغا قويۇلغان يول كۆرسەتكۈچ ماياكقا ئوخشايدۇ، بالىنىڭ سۆزلۈكى، ئەتراپىدىكى شەيئىلەرگە ۋە دۇنياغا بولغان قىزىقىشىنى شەكىللەندۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، يەنە بالىنىڭ قەلبىدە ئۆمۈرلۈك گۈزەل خاتىرە قالدۇرىدۇ. بالىنىڭ يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، ئۇچراشقان ياخشى كىتاپلار بالىدا سۇسلاپ قالمايدىغان ئۆگىنىش قىزغىنلىقى ۋە ئىزدىنىشچان روھ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شەكىللەندۈرىدۇ. كىتاپنى كۆپ ئوقۇغان بالىنىڭ سۆزلۈك مىقدارىنىڭ كۆپ بولىدىغانلىقى، ئۆزىنى ئىپادىلەش قابىلىيىتىنىڭ كۈچلۈك بولىدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئولتۇرمىساقمۇ بولىدۇ.

تۆۋەندە مەن ئوقۇش ۋە خىزمەت جەريانىدا ئۆگەنگەنلىرىم، ئەمەلىيەتمەدىن ئۆتكۈزگەنلىرىم ئاساسىدا، قانداق كىتاپ تاللاش توغرىسىدا ئاتا ـ ئانىلار دىلىغۇل بولۇۋاتقان بىر قانچە نوقتىنى يورۇتۇپ بەرمەكچىمەن:

1. تورلاردا تەۋسىيە قىلىنغان؛ بازارلىق كىتاپلار بالىنىڭ يېشىغا توغرىراقى ياش دائىرىسىگە ماس كېلىشى كېرەك.

بالا مەيلى قايسى ياشتا بولسۇن، ئەڭ ئاۋۋال ھەربىر كىتاپنىڭ ماس كېلىش ياش دائىرىسىنى خاتىرىلەش، كىتاپنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە ئازراق بولسىمۇ مەلۇمات ئېلىش لازىم. مەسىلەن: 0 ـ 3 ياشقىچە بولغان بالىلارغا رەسىملىرى سۈزۈك، تېكىستلىرى قىسقا ۋە چۈشىنىشلىك بولغان تاختا قەغەزلىك كىتاپلار(board book) ۋە يۇزى ياخشى يۇزلۇكلەنگەن كارتىلار ياخشى تاللاش ھېساپلىنىدۇ. بۇنداق كىتاپ ۋە ماتېرىياللار مەزمۇن جەھەتتىن جانلىق بولۇش بىلەن بىرگە سۈپەت

جەھەتتىنمۇ ياخشى، ھۆللۈككە چىدامىلىق، ئاسان يىرتىلمايدۇ، كىچىك بالىلار مەينەت قىلىۋەتكەن تەقدىردىمۇ سۈرتۈۋېتىپ، داۋاملىق ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

ئۈچ ياشتىن كېيىن بالىلار نورمال قەغەزلىك كىتاپلارنى ئىشلىتەلەيدۇ، بىر ـ ئىككى جۈملىلىك، رەسىملەر بىرئاز مۇرەككەپلەشكەن كىتاپلارغا قىزىقىدۇ، رەسىملەرنى ئىزاھلىيالايدۇ، شۇنىڭغا ئائىت سوئاللارنى سورىيالايدۇ.

3 ـ 6 ياشقىچە بولغان بالىلار ( pop ـ up books & lift ـ the ـ flap books)غا ھەيرانلىقى كۈچلۈك بولىدۇ، بۇ ياشتىكىلەرنى ئۆزىگە كىتاپ تاللاشقا ئىلھاملاندۇرۇش ياخشى بىر يېتەكلەش ھېساپلىنىدۇ. ياخشى بىر كىتاپ بالىنى چوڭ قىلىدۇ، بۇنداق دېيىشىمدىكى سەۋەپ، بالىغا ئۈچ ياشتا ئوقۇپ بەرگەن كىتابىڭىزنى بالا تۆت ياشقا كىرگەندە سىزگە يادلاپ بېرىدۇ، بەش ياشقا كىرگەندە بولسا سىزگە ئوقۇپ بېرىدۇ. مۇستەقىل كىتاپ ئوقۇيالايدىغان بالىغا كىتاپ تاللىغاندا، يېشىغا ماس كېلىش كەلمەسلىكى بالىنىڭ كىتاپ ئوقۇش قىزغىنلىقىنى ئاشۇرۇش ياكى بىزارلىق كەيپىياتى پەيدا قىلىپ قويۇشتا ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

2. بالا تەۋسىيەلىك كىتابلاردىن نېمىلەرنى ئۆگىنىدۇ؟

بۇ ناھايىتى ئاچقۇچلۇق مەسىلە. 0 ـ 3 ياشقىچە بولغان بالىلارغا ماس كىتابلار بالىلارنىڭ ئاساسىي بىلىملەرنى بېسىمسىز ئۆگىنىشىنى مەقسەت قىلىدۇ. مەسىلەن، ھەرپلەر، سانلار، كەيپىيات، دوستلۇق، تەقلىد قىلىش، فونتىكا... قاتارلىق تېمىلار بالىدا دەسلەپكى ئوقۇش ئىقتىدارىنى ھازىرلاشتا ئۇل بولىدۇ. 4+ ياشتىن يۇقىرى بالىلارغا نىسبەتەن، بالىنىڭ يۇقىرىقى ھازىرلىقىنى قانداق قىلغاندا بىر قەدەم يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ، دېگەننى چىقىش قىلىش لازىم ۋە شۇنىڭغا ماس ھالدا كىتاب ۋە تېما دائىرىسىنى كېڭەيتسەك بولىدۇ.

مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمىزدا، ئۇيغۇرتىلىدىكى بالىلار كىتابلىرى ھەققەتەن يېتەرسىز، باشقا تىللاردىكى كىتابلارنى تاللىغاندا، بىزنىڭ قىممەت قاراشلىرىمىز ۋە ئېتىقادىمىزغا يات كىتابلارنى ئېلىپ قېلىشتىن ئامال بار ئېھتىيات قىلىش لازىم، بالا قىزىقىپ قالغان بولسا، بالىنى قايمۇقتۇرۇپ قويمىغان ئاساستا چۈشەنچە بېرىش، بالىنىڭ كىچىككىنە قەلبىگە ئۆچمەنلىك، يەكلەش، تۆۋەن كۆرۈشتەك بىرقاتار پاسسىپ قاراشلارنى تىكىشتىن يىراق تۇرۇش لازىم.

3. تەۋسىيە كىتاپلارنىڭ باش تېمىلىرى قانچىلىك مۇھىم؟

3 ـ 0 ياشقىچە بولغان بالىلارغا كۆز بىلەن كۆرگىلى، قۇلاق بىلەن ئاڭلىغىلى بولىدىغان قىسقىسى ئەتراپتىكى ـ ھاياتىمىزدىكى ناھايىتى كونكرېت، جانلىق بولغان تېمىلاردىكى كىتاپلارنى تاللاش كېرەك.

بالىنىڭ يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، ھېسسىي تەرەققىياتىمۇ ئۈزلۈكسىز ئۇيغىنىشقا، تەرەققى قىلىشقا باشلايدۇ، خىيال قىلىشقا، تەسەۋۋۇر قىلىشقا باشلايدۇ، شۇڭا 4+ ياشتىن كېيىن، بالىنىڭ قىزىقىشى سىزنى يېتەكلىسۇن، بالا ئۆچۈن كىتاپ تاللاشتا ئىجادچان ۋە كەڭ دائىرىلىك بولۇڭ. مەسىلەن ئالايلۇق، بالا قۇياش سىستېمىسىغا قىزىقىپ قالدى، ئۇنداقتا، بالىنىڭ ھۇجرىسىنى قۇياش سىستېمىسى تېمىسىدىكى تام بېزەكلىرى بىلەن بېزەپ بېرىڭ، تورۇسقا قۇياش سىستېمىسىنىڭ مودېللىرىنى ئېسىپ بېرىڭ، ھەتتا قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىككە ئۇستىلار بالا بىلەن بىرگە پىلانېتلارنى ياساپ، بويىساڭلارمۇ بولىدۇ، مۇشۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك كىتاپلاردىن نەچچە پارچە ئېلىپ بېرىشنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇماڭ: بالا يەنە دىنازاۋۇرلارغا قىزىقامدۇ؟ ئۇنداقتا بالىنىڭ ئۇخلاش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئالدىدا ئوقۇشى ئۈچۈن، بىر قانچە دىنازاۋۇر تېمىسىدىكى كىتاپلارنى ئېلىپ سوۋغا قىلىڭ... بىر قانچە كۈندىن كېيىن، بالىدا بۇلارغا نىسبەتەن تەبىئىيلا تېخىمۇ چوڭقۇر قىزىقىش پەيدا بولۇشقا ۋە ئۆزى مۇستەقىل ئىزدىنىشكە باشلايدۇ. بۇنىڭدەك ئەھۋاللاردا ھەرخىل ئىلمىي فانتازىيە كىتابلىرىنىڭ بالىلارنىڭ قىزىقىشىنى ئاشۇرۇشتا رولى بەك ياخشى بولىدۇ.

**4. كىتاپتىكى مەزمۇن ۋە رەسىملەر بالىنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىيالىشى لازىم.**

بۇ ئەڭ مۇھىم ئامىللاردىن بىرى. يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمدەك، رەسىملىك كىتابلارنى سېتىۋالغاندا، ئاۋۋال كىتاپ ھەققىدە ئازراق مەلۇمات توپلاڭ، كىتاپخانىلاردىن بىللە تاللاپ ئالغان بولساڭلار، كىتاپتىن بالىنىڭ ۋە سىزنىڭ دىققىتىڭلارنى تارتالايدىغان تونۇش پېرسوناژلار ۋە مەزمۇنلارنى ئىزدەڭ. سىز تاللىغان ياكى تەۋسىيە قىلغان بولسىڭىز، تاللىشىڭىز ئۇنى مەزمۇن ۋە رەسىملەرگە جەلپ قىلالايدىغان بولسۇن. ئۆزىڭىز كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، بالىنىڭ تۇتۇپ بېقىشىغا، كۆرۈشىگە ۋە كىتاپ ھەققىدە ئويلىغانلىرىنى سۆزلەپ بېقىشقا سۇنۇڭ. يەنە تاللىغان كىتاپلارنى ئۈنلۈك ئوقۇشقا

بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىنىمۇ ئوقۇپ تەكشۈرۈپ بېقىشنى ئۇنتۇماڭ. توردىن ئالغان بولسىڭىز، كىتاپنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىڭىز ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىڭ، كىتاپنىڭ مەركىزى ئىدىيىسىنىڭ نېمىلىكىنى ئېنىق بىلىڭ، ئۇنىڭدىن كېيىن بالىغا ماس ياكى ئەمەسلىكىگە قارار بېرىپ، ساقلاپ قېلىش ياكى ياندۇرۇۋېتىشنى ئويلاشسىڭىز بولىدۇ. ناۋادا بالا سۆز-ئىبارىلەرنى يۇقىرى ئاۋازدا تەكرارلاشنى ياكى ئوقۇشنى ياخشى كۆرسە ، شېئىر ياكى يۇمۇرىستىك كىتاپلار ناھايىتى ياخشى تاللاش ھېساپلىنىدۇ.

بالىنىڭ مەلۇم بىر ئاپتور، رەسىملىك كىتاپ سەنئەتكارى ياكى يۈرۈشلۈك ئەسەرلەردىن ھۇزۇرلىنىدىغانلىقىنى بايقىسىڭىز ياكى شۇنداق بولسا، شۇ ئىجادىيەتچىلەرنىڭ كىتاپلىرىنى تاللاپ ئېلىپ بېرىڭ. يەنە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئىجادىيەتچىلەرنىڭ كىتاپلىرىنى تاللاشمۇ سىزنىڭ ئەلا سۈپەتلىك كىتابلارنى تاللىيالىشىڭىزغا ياردەمدە بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئامبىرى

### 5. تەخپۇك ۋە ماس قەدەمدە بولۇش لازىم.

ئۆزى مۇستەقىل كىتاب ئوقۇيالايدىغان بالىلارغا كىتاب تاللىغاندا، كۆڭلىنى خۇش قىلىش بىلەن بىر نەرسىلەرنى ئۆگىنىش ئوتتۇرىسىدا تەخپۇڭلۇق بولۇشى كېرەك، بۇ نوقتىنى ئۇچۇقراق قىلىپ شەرھىلىگەندە، بەزى كىتاپلار پەقەت بالىنى كۇلدۇرۇپ، كۆڭلىنى خۇش قىلالىشى ئەمما مەلۇم بىر ئىدىيە ياكى بىلىم بېرەلمەسلىكى مۇمكىن؛ ئەكسىچە بەزى كىتاپلاردىكى مەزمۇنلارنىڭ ئېغىرلىقى بالىنى چارچىتىشى مۇمكىن، شۇڭا بۇلار ئوتتۇرىسىدا تەخپۇڭلۇق ۋە ماسلىق بەرپا قىلغاندا، بالا كىتاپ ئوقۇشتىن زېرىكىپ، ئۆچ بولۇپ قالىدىغان ئەھۋاللاردىن ساقلانغىلى بولىدۇ.
بالىنىڭ ئۇنلۇك ئوقۇشى(ئۇنلۇك ئوقۇش نۇتۇق قابىلىيىتىنى يېتىلدۇرۇشتە ناھايىتى مۇھىم) ئۇچۇن، نادىر كلاسسىك چۆچەكلەر كۆڭۈلدىكىدەك تاللاش. بۇ خىلدىكى چۆچەكلەردە سۆزلەر ئالاھىدە پىششىقلانغان، ناھايىتى ئوبرازلىق ئىپادىلەشلەر قوللىنىلغان، بۇ تەرىپى بالىلارنىڭ ئېغىز تىلىنىڭ نەپىسلىكىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق.

**6. قانداق ئوقۇپ بېرىش كېرەك؟**

بالىغا كىتاپ ئوقۇپ بەرگەندە، ئوقۇغان تېكىستلەرنى بارمىقىڭىز بىلەن قۇرمۇ قۇر كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئوقۇپ بېرىڭ. كىتاپ مەزمۇنىغا قاراپ، بالىدىن ئەڭ ئاز دېگەندە (يېشىغا قاراپ) كىتاپتىكى رەسىملەر، ھېكايە سىيۇژىتى، پېرسوناژ ۋە خارەكتېرلەر ھەققىدە ئىككىدىن ـ ئۈچكىچە سوئال سوراڭ، كېيىنكى قەدەمدە نېمە بولىدىغانلىقىنى پەرەز قىلدۇرۇپ، پىكىرلىشىڭ.. قىزىقىشىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھەرخىل بارماق قونچاقلىرى ياكى باشقا ماتېرىياللار بىلەن كىتاپتىكى قەھرىمانلارنىڭ رولىغا كىرىپ تۇرۇپ ئوقۇسىڭىز تېخىمۇ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

قوشۇپ قويۇشنى مۇۋاپىق كۆرگەن يەنە بىر نوقتام، بالىنىڭ قايسى تىلدا ساۋادى(يېزىش) ئاۋۋال چىققان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ياخشى كۆرگەن چىرايلىق بىرەر پارچە خاتىرە دەپتەر تاللىتىپ، بالىنى كۈندىلىك خاتىرە ياكى كۈندىلىك قىلغان ئىشلىرىدىن كىچىككىنە دوكلات ياكى ئەتە قىلماقچى بولغان ئىشلىرىدىن پىلان ۋەياكى كىچىككىنە ھېكايە يېزىشقا ۋەياكى كىتاپ ئوقۇش خاتىرىسى يېزىشقا؛ يازغانلىرىغا ئاساسەن، رەسىملىرىنى سىزىشقا ئىلھاملاندۇرۇڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەڭ ئاخىرىدا قوشۇپ قويماقچى بولغىنىم، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ ئۇيغۇرتىلى ئۆگىنىشىدىن باشقا يەنە ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان دۆلەتنىڭ تىلىنى ۋە ئىنگلىزتىلىنى ئۆگىنىشىنىڭ زۆرۈرلىكى، بۇ نوقتىدا يەنىلا بالىلارنىڭ يۈكى ئېغىر. بالا بوۋاق ۋاقتىدىن باشلاپ ئاتا-ئانىنىڭ ئاناتىلىدىن باشقا تىلدا كىتاب ئوقۇپ بېرىشى بالىنىڭ چوڭ مېڭىسىدىكى تىل بۆلىكىنى غىدىقلاشتا ناھايىتى ئاكتىپ رول ئوينايدىغانلىقى بالىلار دوختۇرلىرى ۋە مائارىپچىلار تەرىپىدىن ئىسپاتلاپ چىقىلغان. ئامېرىكىدىكىدەك ئادەملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى كۆپ خىل بولغان دۆلەتنىڭ مەكتەپلىرىدە ئىشلەش جەريانىدا كۆرگىنىم بويىچە ئېيتسام، بىر ئۇيغۇر بالىنى ئۇيغۇرچە بىلەن باشقا بىر نەچچە خىل تىلنى ئوخشاش ئاكادېمىك سەۋىيىدە بىلىدىغان قىلىپ تەربىيەلەش تامامەن مۇمكىن بولىدىغان، ئەمما ئاتا-ئانىلارنىڭ قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە باغلىق ئىش ئىكەن. قوش تىللىق بالىلارنىڭ نۇرغۇن جەھەتتىن بىر تىللىق بالىلارغا قارىغاندا ئۆتكۈر كېلىدىغانلىقىنى بۇ ماقالىدە سۆزلەپ يۈرۈشنى مۇۋاپىق كۆرمىدىم. شۇڭا ئاتا-ئانىلارنىڭ

بالىلارغا كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ، ئۆزلىرى بىلىدىغان چەتئەل تىللىرىدىكى كىتاپلار بىلەنمۇ قەرەللىك ئۇچراشتۇرۇپ، ئوقۇپ بېرىشنى كۆچلۈك تەۋسىيە قىلىمەن.

يازغانلىرىم ئارىسىدا نىسپىيلىك بولۇشى مۇقەررەر، ھەممە ئاتا ـ ئانىلارغا ماس كېلىپ كەتمىسىمۇ، مۇشۇ نوقتىدە ھۇدۇقۇپ قالغانلارغا ئازراق پايدىسى بولۇپ قالغۇسى!

(2020 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، ئامېرىكا)